# بۆرە كەلدى



قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى



1. بۇرۇنقى زاماندا بىر بالا بولغان ئىكەن، ئۇ ھەر كۈنى تاغدا پادا باقىدىكەن.



2. تاغدا ئۇنىڭ بىلەن گەپ قىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن ئوينايدىغان ئادەم بولمىغاچقا، ئۇ ئىنتايىن زېرىكىدىكەن.



3. بىر كۈنى ئۇ باشقىلارنى قورقۇتۇش نىيىتىدە، يوغان تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ: «بۆرە كەلدى، بۆرە كەلدى!» دەپ تازا ۋارقىراپتۇ.



4. تاغ باغرىدا يەر تېرىۋاتقان، ئوتۇن كېسىۋاتقان كىشىلەر ئۈنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ قوللىرىغا گۈرجەك، ئەپكەشلەرنى ئېلىپ، بۆرىنى يوقىتىش ئۈچۈن تاغقا چىقىپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



5. كىشىلەر تاغقا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، قويلار بىر ئوبدان ئوتلاپ يۈرگۈدەك، نەدىمۇ بۆرە بولسۇن؟



6. كۆپچىلىك پادىچى بالدىن: «بۆرە قېنى؟» دەپ سورىغان ئىكەن، پادىچى بالا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ: «مەن سىلەرگە چاقچاق قىلىپ قويدۇم» دەپتۇ.



7. کۆپچىلىكنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:
«نېمە ئۈچۈن يالغان سۆزلەيسەن؟»
دەپ ئۇنى ئەيىپلەپتۇ ۋە تاغدىن
چۈشۈپ، ئۆز ئىشلىرىنى قىلىشىپتۇ.

تل راوان
Til Rawan



8. بر نەچچە كوٰن ئۆتكەندن كېين، كۆپچلك تازا جددي ئشلەۋاتقاندا تاغ تەرەپتن يەنە ۋارقرىغان ئاۋاز ئاڭلنپتوُ.

تل راۋان
Til Rawan



٩. «بۆرە کەلدی! بۆرە کەلدی!»

تل راوان
Til Rawan



10. كۆپچىلىك قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ، قولىغا سايمانلىرىنى ئېلىپ بۆرىنى يوقاتقىلى ئاتلىنىپتۇ.



١١. كۆپچىلىك تاغدا بۆرىنى ئۇچراتماپتۇ، پەقەت پادىچى بالىنىڭ كۈلۈپ تېلىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەسلىدە بۆرە كەلمىگەن ئىكەن.

تىل راۋان
Til Rawan




12. پادىچى بالا كۈلۈپ تۇرۇپ:
«ئوھۇي، نېمىدېگەن قىزىقارلىق
ئىش ـ ھە؟ شۇنچە كۆپ ئادەم
مېنىڭ ئالدام خالتامغا چۈشتى»
دەپتۇ.



13. كۆپچىلىكنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، ئۇنىڭغا: «ئالدىنقى قېتىم ساڭا يالغان ئېيتماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بەرسەك، يەنە نېمىشقا بىزنى ئالدايسەن؟» دەپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



14. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، تاغ تەرەپتىن: «بۆرە كەلدى! بۆرە كەلدى!» دېگەن ئاۋاز يەنە ئاڭلىنىپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



15. كۆپچىلىك: «قۇلاق سېلىڭلار،
بىرسى بۆرە كەلدى دەپ
ۋارقىراۋاتىدۇ» دەپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



16. ئۇلار زەن قويۇپ ئاڭلاپ، پادىچى بالىنىڭ ئاۋازىنى تونۇۋاپتۇ.



17. ئۇلار: «ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، ئۇ بىزنى ئۇدا ئىككى قېتىم ئالدىدى، بۇ قېتىممۇ چوقۇم يالغان ئېيتىۋاتىدۇ» دېيىشىپتۇ.



18. نێمدپگەن قورقۇنچلۇق!
بۇ قێتم راستلا بۆره کەپتۇ.

تل راوان
Til Rawan



19. بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، پادىچى بالىنىڭ پادىلىرىنى، پادىچى بالىنى چىشلەپ زەخىملەندۈرۈپتۇ.




20. پادىچى بالا قورققىنىدىن:

«بۆرە كەلدى! بۆرە كەلدى!
بۆرە راستتىنلا كەلدى!»



دەپ ۋارقىراشقا
باشلاپتۇ.



21. كۆپچىلىك ئىككى قېتىم ئالدام
خالتىغا چۈشكەچكە ئۇنىڭ گېپىگە
ئىشەنمەي، ئۇنىڭ ۋارقىرىغىنىنى
ئاڭلىماسلىققا سېلىپ ئۆز ئىشىنى
قىلىۋېرىپتۇ.



22. پادىچى بالا جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ تاغدىن دومىلاپ چۈشۈۋېلىپ بۆرىدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قويلىرىنى بۆرە تىتما — تالاڭ قىلىۋېتىپتۇ.



تىل راۋان
Til Rawan



23. پادىچى بالا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يالغان گەپ قىلمايدىغان، راست گەپ قىلىدىغان ياخشى بالا بوپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan